# مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزالىرى، شۇجىچۇنىڭ شۇجىلىرى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىلىرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە باش شۇجى شى جىنپىڭغا خىزمەتتىن دوكلات بەردى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مەسئۇل ساھەدىكى خىزمەتلەر ئۈستىدە ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن پىكىر يۈرگۈزۈشنى كۈچەيتىپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشنى بىرتۇتاش يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەتنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسى ھەم ئۇنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسىنىڭ روھىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، پاك ـ تەلەپچان بولۇشنى باشلامچىلىق بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۈلگە كۆرسىتىش، ئۈلگە بولۇش رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ تېخىمۇ جاسارەت بىلەن نەتىجە يارىتىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ھەرقايسى رايون، ھەرقايسى تارماق، ھەرقايسى جەھەتلەردىكى خىزمەتلەردە ھەقىقىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي ھەرىكەت ۋە ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك.

ئالاقىدار يولداشلار ئۆتكەن بىر يىللىق ئىدىيە ۋە خىزمەت ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك رەتلەپ، خۇلاسىلەپ، كەسكىن، سەممىي پوزىتسىيە ۋە يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق روھى بىلەن خىزمەت دوكلاتى يازدى. خىزمەت دوكلاتىدا تەجرىبە، تەسىراتلار يەكۈنلىنىپ، مەسىلىلەر، يېتەرسىزلىكلەر تەھلىل قىلىنىپ، چوڭ ۋەزىيەت چۆرىدىلىپ كېيىنكى قەدەمدىكى تىرىشىش يۆنىلىشى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ئاساسلىقى تۆۋەندىكى مەزمۇنلار بار.

بىرىنچى، قەتئىي تۈردە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرى ۋە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئالىي سىياسىي پرىنسىپ ۋە تۈپ سىياسىي قائىدە قىلىشتا باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، قوغداشتىكى ئاڭلىقلىق ۋە قەتئىيلىكنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، قوغداش ئىقتىدارى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

ئىككىنچى، شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى باشلامچىلىق بىلەن ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشكە ئەجىر سىڭدۈرۈپ، ھەقىقىي نەتىجە يارىتىپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىگە پائال ئاتلىنىش داۋامىدا نەزەرىيە ئۆگىنىش نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى سىناش كېرەك.

ئۈچىنچى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاشنى چۆرىدەپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، مەسئۇل ساھەدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلار كۆرۈنەرلىك كۆپىيىۋاتقان مۇرەككەپ ۋەزىيەتكە سالماقلىق بىلەن تاقابىل تۇرۇپ، پائال تۈردە ئۆزى مەسئۇل ساھەلەردىكى ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىش كېرەك.

تۆتىنچى، يوليورۇق سوراش، دوكلات قىلىش تۈزۈمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجرا قىلىپ، ئاڭلىق ھالدا مۇھىم، زور مەسىلىلەر، مۇھىم زور ئىشلار، مۇھىم خىزمەتلەرنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى توغرىسىدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە باش شۇجى شى جىنپىڭدىن يوليورۇق سوراپ، دوكلات قىلىپ، مەسئۇل ساھە، مەسئۇل خىزمەتلەردە دېموكراتىيەنى تولۇق ئەۋج ئالدۇرۇش، توغرا مەركەزلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇش كېرەك.

بەشىنچى، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش تەلىپىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، قاتتىق بولۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئىدارە قىلىشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى تۈزەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. ئۆزىگە، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا ۋە ئەتراپىدىكى خىزمەتچى خادىملارغا قاتتىق تەلەپ قويۇپ، پاك ـ دۇرۇس بولۇشتىن ئىبارەت سىياسىي خىسلەتنى ساقلاش كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ماقالىدە مۇنداق تەكىتلەندى: دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشتا، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق سىستېمىسى بەرپا قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىل دۆلەت قۇرۇش ئومۇمىي نىشانىنى چۆرىدەپ، پارتىيە رەھبەرلىك قىلىش، خەلق ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇش، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، قانۇنچىللىق ساھەسىدىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى كۈچەش نۇقتىسى قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىپ، قانۇنچىللىق يولىدا دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك قانۇنچىللىق كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

ماقالىدە مۇنداق كۆرسىتىلدى: پارتىيەمىز ئەزەلدىن قانۇنچىللىق قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق قۇرۇلۇشىدا تارىخىي ئۆزگىرىشلەر بولدى، تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، پارتىيەنىڭ دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشقا بولغان رەھبەرلىكى تېخىمۇ مۇستەھكەم، كۈچلۈك بولدى، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئومۇمىي ئەندىزىسى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئەمەلىيىتىدە مۇھىم، زور ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلدى.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشتا تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى نۇقتىلىق ياخشى تۇتۇش كېرەك. بىرىنچى، پارتىيەنىڭ دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشقا بولغان رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئىككىنچى، خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئۈچىنچى، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق يولىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. تۆتىنچى، ئاساسىي قانۇن بويىچە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ئاساسىي قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. بەشىنچى، قانۇنچىللىق يولىدا دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشنى ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئالتىنچى، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق سىستېمىسى بەرپا قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. يەتتىنچى، قانۇن بويىچە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشنى ئورتاق ئالغا سىلجىتىپ، قانۇنچىل دۆلەت، قانۇنچىل ھۆكۈمەت، قانۇنچىل جەمئىيەتنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ قۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. سەككىزىنچى، قانۇننى ئىلمىي چىقىرىش، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىش، قانۇننى ئادىل يۈرگۈزۈش، ئومۇمىي خەلق قانۇنغا رىئايە قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. توققۇزىنچى، دۆلەت ئىچىدىكى قانۇنچىللىق ۋە چەتكە چېتىشلىق قانۇنچىللىقنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئونىنچى، ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك بولغان يۇقىرى ساپالىق قانۇنچىللىق خىزمىتى قوشۇنى قۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئون بىرىنچى، رەھبىرىي كادىرلاردىن ئىبارەت بۇ «ئاچقۇچلۇق ئاز سانلىقلار»نى چىڭ تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك.

ماقالىدە مۇنداق تەكىتلەندى: دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىش دۆلەت ئىدارە قىلىشتىكى بىر مەيدان چوڭقۇر ئۆزگىرىش، جەزمەن ئىلمىي نەزەرىيەنى يېتەكچى قىلىپ، نەزەرىيە تەپەككۇرىنى كۈچەيتىپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈشتىن يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ يېڭى دەۋردە قانۇنچىللىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئىدىيە، نەزەرىيە نەتىجىلىرىنى ياخشى يەكۈنلەپ، ياخشى قوللىنىپ، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرگە تېخىمۇ ياخشى يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ، ئۆزى ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، ئۆزى جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى كۆلىمى ئەڭ زور، سالمىقى ئەڭ كۈچلۈك، نەپ يەتكۈزىدىغان نوپۇس ئەڭ كۆپ بولغان نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى تەشكىللەپ يولغا قويۇپ، دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، تارىخ سەھىپىسىدە چاقناپ تۇرىدىغان يەنە بىر جاھان مۆجىزىسىنى ياراتتى. دۆلىتىمىز نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قولغا كەلتۈرگەن ئومۇميۈزلۈك غەلىبىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى چوڭقۇر تونۇپ، ئىشەنچ، ئىرادىنى چىڭىتىپ، غەيرەت، چىدامچانلىقنى ساقلاپ، قىيىنچىلىق، خەۋپ ـ خەتەر ئۈستىدىن ئۈزلۈكسىز غالىب كېلىپ، يېڭى تېخىمۇ زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش كېرەك. «تۆتنى توختاتماسلىق»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سىياسەتنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇشىنى ساقلاپ، نامراتلارنى يۆلەش كەسىپلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ دەرىجىسىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، ئۆز جايىدا، يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن تەرتىپلىك يۆتكەپ سىرتقا چىقىرىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەشتىكى داۋاملاشما يۆلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تۈرلۈك تۈزۈملەردە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىچكى تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، كۆلەملىك قايتا نامراتلىشىپ كېتىش يۈزبەرمەسلىكنىڭ تۆۋەن چېكىنى قەتئىي ساقلاش كېرەك. يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش كېرەك. «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىشنى خىزمەتلەردە مۇھىمنىڭ مۇھىمى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەشنى كۈچەيتىپ، سىياسەت سىستېمىسى، خىزمەت سىستېمىسى، تۈزۈم سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىپ، يېزا ـ كەنتلەردىكى كەسىپ، ئىختىساسلىقلار، مەدەنىيەت، ئېكولوگىيە، تەشكىلات قاتارلىقلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇشىنى، يېزا ـ كەنتلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىشقا، كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا باب كېلىشىنى، دېھقانلارنىڭ باي ـ باياشات بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئورتاق بېيىشنى تەدرىجىي ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. نىشاننى چىڭ كۆزلەپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىش كېرەك. ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلەپ، مەڭگۈ بوشاشمايدىغان روھىي ھالەت، توختىماي ئىلگىرىلەيدىغان كۈرەش ھالىتى بىلەن يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىنىنىڭ روھى ۋە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ 28 ـ قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىشىدە قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش كېرەك. ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، سىستېما قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى باش تېما، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئاساسىي لىنىيە، ئىسلاھات، يېڭىلىق يارىتىشنى تۈپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ، خەلقنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى تۈپ مەقسەت قىلىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشاننى مەھكەم ئىگىلەپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، تەرەققىيات ۋە بىخەتەرلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق، يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، خەلق تۇرمۇشىغا زىچ يېقىنلىشىپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر ئاساسىي قاتلام تەشكىلات خىزمىتى نىزامى»نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ئالىي مەكتەپلەرگە بولغان ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە قىلچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى كۈچەيتىپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، ئىدىيۇلوگىيە خىزمىتى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ، ئالىي مەكتەپلەر پارتىيە قۇرۇلۇشى بىلەن ئالىي مائارىپ ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئىجتىمائىي كاپالەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچى، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان يېڭى تەلەپلەرنى دەل جايىدا ئىگىلەپ، ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى سىجىل تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ سىستېمىلىق توپلاشتۇرۇلۇشى، ماس، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئىجتىمائىي كاپالەتنىڭ باشقۇرۇش ـ مۇلازىمەت قىلىش سەۋىيەسى ۋە ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئىجتىمائىي كاپالەت ئىشلىرىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتى، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن ھەر مىللەت ئاممىغا تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ئادىل نەپ يەتكۈزۈش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

شۆھرەت زاكىر، ۋاڭ جۈنجېڭ، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، جاڭ چۇنلىن، ۋاڭ مىڭشەن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇ ئەسلى مەقسەت ۋە بۇرچ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەشكە رىغبەتلەندۈرىدىغان تۈپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ. كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن پارتىيەنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، قانۇننى خەلق ئۈچۈن يۈرگۈزۈش ئەسلى مەقسىتىنى ساقلاش، قانۇننى ئادىل يۈرگۈزۈش بۇرچىنى زىممىگە ئېلىشتىكى ئىدىيە ۋە ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىمنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، كۆتۈرەڭگۈ كۈرەش ئىرادىسى ۋە ئەمەلىي ئىستىل بىلەن سوت قىلىش خىزمىتىگە ئاتلىنىپ، كوممۇنىستلارنىڭ سىياسىي خىسلىتىنى مەڭگۈ ساقلايمەن».

جۇڭگو ئىشچى ـ دېھقانلار قىزىل ئارمىيەسى غەربىي يۈرۈش ئارمىيەسى باش تارماق ئەترىتى خاتىرە سارىيىنىڭ چۈشەندۈرگۈچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، لۇ جىېنغا «ئۆزىنى يېڭەلىگەنلەر ھەرقانداق قىيىنچىلىقنى يېڭەلەيدۇ» دېگەن 2 ـ قىسىم ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قىلدى. لۇ جىېن مۇنداق دېدى: غەربىي يۈرۈش ئارمىيەسى جەڭچىلىرى دۈشمەن ئالدىدا قەتئىي تىز پۈكمەي، كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ماڭا ئېتىقاد كۈچىنىڭ غەربىي يۈرۈش ئارمىيەسىنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشتىكى مەنىۋى تۈۋرۈكى ئىكەنلىكىنى، غەربىي يۈرۈش ئارمىيەسى قالدۇرغان قىممەتلىك مەنىۋى بايلىق ئىكەنلىكىنى تونۇتتى. مەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ھېكايىلىرىنى داۋاملىق ياخشى سۆزلەپ، غەربىي يۈرۈش ئارمىيەسىنىڭ ھېكايىلىرىنى ياخشى سۆزلەپ، قىزىل گېنىغا ئەۋلادمۇئەۋلاد تېخىمۇ ياخشى ۋارىسلىق قىلىمەن.

پروگراممىنىڭ 3 ـ قىسمى «دۆلەت ئۈچۈن كۆرسەتلىگەن ساداقەتمەنلىك تارىخ بەتلىرىنى يورۇتىدۇ»نى كۆرگەندە، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەش مۇلازىمىتى جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى ۋاڭ يەنجۇ قاتتىق ھاياجانلاندى. «پارتىيەگە سادىق بولۇش ھەربىيلەرنىڭ بۇرچى. گەرچە ھەربىي فورمىنى سېلىۋەتكەن بولساممۇ، ئەمما مەن باشتىن ـ ئاخىر ئۆزۈمنىڭ بىر ھەربىي ئىكەنلىكىمنى، بىر كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى ئىكەنلىكىمنى ئېسىمدە ساقلاپ كەلدىم». ئارمىيەدىن چېكىنگەندىن كېيىن، ئۇ يەتتە يىل شەخسىيەتسىز خىزمەت قىلىپ، ئارمىيەدىن چېكىنگەن سانسىزلىغان ھەربىيلەرنىڭ «ئىگىلىك تىكلەش ئارزۇسى» «ئىشقا ئورۇنلىشىش ئارزۇسى»نى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا ياردەم بەردى، ئۇ مۇنداق دېدى: «مەن ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەش خىزمىتىنى داۋاملىق تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ، ئارمىيەدىن چېكىنگەن تېخىمۇ كۆپ ھەربىيلەرنىڭ ئۆز قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا ياردەم بېرىپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈچ قوشىمەن».

«ھوقۇق يۈرگۈزۈش بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش زىچ باغلانغان، ھوقۇق بولغان ئىكەن جەزمەن مەسئۇلىيەت بولىدۇ». يېڭىشەھەر ناھىيەلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى پارتىيە ئىستىلى، ھۆكۈمەت ئىستىلى نازارەتچىلىكى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى خەن لۇڭ پروگراممىنىڭ «سادىق مەستانىسى» بولۇپ، پروگراممىنى كۆرسىتىلگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە بىر قىسمىنىمۇ قالدۇرماي كۆردى، ئۇنىڭ باش شۇجى شى جىنپىڭ تىلغا ئالغان بۇ سۆزگە نىسبەتەن تەسىراتى ئەڭ چوڭقۇر. ئۇ مۇنداق دېدى: پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، دادىل نەتىجە يارىتىشى كېرەك، ئەمەلدار بولۇشنىلا ئويلاپ، ئىش قىلىشنى خالىمىسا بولمايدۇ، نام چىقىرىشنىلا ئويلاپ، كۈچ چىقىرىشنى خالىمىسا بولمايدۇ، ھوقۇق تۇتۇشنىلا ئويلاپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى خالىمىسا بولمايدۇ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە كادىرلىرى تېخىمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك. بۇنىڭدىن كېيىن، مەن «ئەمەلدار بولغان ئادەمنىڭ ئىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشى ئۆمۈرلۈك نومۇس ئىش» دېگەن سۆز ئارقىلىق ئۆزۈمنى رىغبەتلەندۈرۈپ، پارتىيە ۋە خەلق يۈكلىگەن شەرەپلىك بۇرچنى تېخىمۇ ياخشى زىممەمگە ئالىمەن.

ئۈرۈمچى شەھىرىدە كومپيۇتېر زاپچاسلىرى سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يۈ زىبىڭ بۇ بىرنەچچە كۈندە پروگراممىنى ئىزچىل ۋاقتىدا كۆردى. «بۇ پروگراممىدا كۆپ مەنبەلىك كۆرۈش بۇلۇڭى قوللىنىلغان بولۇپ، ناھايىتى ئاسانلا ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلغىلى بولىدىكەن، بولۇپمۇ 6 ـ قىسمىدىكى «لەۋزىدە تۇرۇش ئالتۇندىن قىممەت» دېگەن مەزمۇندىن چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولدۇم. ئۇ مۇنداق دېدى: «سەممىيلىك كارخانا تىجارىتىنىڭ ئۇل تېشى، مېنىڭ ئۈرۈمچىدە سودا قىلىۋاتقىنىمغا 20 يىل بولاي دېدى، دەسلەپتىكى كىچىك پوكەي ئېچىشتىن ھازىرقى شىركەت قۇرۇشقىچە، بۇلارنىڭ ھەممىسى سەممىيلىكنىڭ پايدىسىدىن بولدى. بۇنىڭدىن كېيىن مەن سەممىيلىك بىلەن تىجارەت قىلىشتا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، سەممىي جەمئىيەت قۇرۇش ئۈچۈن كۈچ قوشىمەن.

يېڭىلىق يارىتىش بىرىنچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ. «توختىماي ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ كۈنسېرى يېڭىلىنىش» ناملىق پروگراممىنىڭ 7 ـ قىسمىنى كۆرگەندىن كېيىن، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئىقتىسادىي زىرائەتلەر تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى، مۇئاۋىن باشلىقى ئەي شيېنتاۋنىڭ ھاياجىنى ئۇزاققىچە تىنچلانمىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى تۇتۇشتا كۈتۈپ تۇرۇشقا، قاراپ تۇرۇشقا بولمايدۇ، دورامچىلىق قىلىشقىمۇ بولمايدۇ. يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكا خىزمەتچىلىرى يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسىدا يېڭىلىق يارىتىش بىلەن نەتىجىلەرنى ئايلاندۇرۇشنى ياخشى تۇتۇپ، شىنجاڭنىڭ خاس، ئەۋزەل كەسىپلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېخنىكا يېتەكچىلىكى بىلەن تەمىنلەپ، ياخشى پەن ـ تېخنىكا تىرىكى بولۇشى كېرەك».

«باش شۇجى شى جىنپىڭ سۆزىدە قەدىمدىن ئۈرنەك ئېلىپ ھازىرقى بىلەن يۇغۇرۇپ، قەلبگە خەلقنى پۈككەن، نۇرغۇن ‹ئالتۇن جۈملە› قەلبىمدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ». پروگراممىنى كۆرگەندىن كېيىن، شىنجاڭ سانائەت ـ قۇرۇلۇش شۆيۈەنى بىناكارلىق قۇرۇلۇش شۆيۈەنى ئوقۇغۇچىلار پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى نۇرئەخمەت توقان مۇنداق دېدى: مەن چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش خىزمىتىدە قوللىنىپ، ياش ئوقۇغۇچىلارنى ۋەتەننىڭ غېمىنى، خەلقنىڭ غېمىنى قەلبىگە پۈكۈپ، ۋەتەننى سۆيۈش، خەلقنى سۆيۈش ھېسسىياتى بىلەن ئۈزلۈكسىز ۋەتەنگە ئۆزىنى بېغىشلاپ، خەلققە ئۆزىنى بېغىشلاپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكى ئۈچۈن ياشلىق كۈچىنى بېغىشلاشقا تەربىيەلەيمەن، يېتەكلەيمەن.

**(مۇخبىر جاڭ يەنفاڭ، قاتناشقان مۇخبىرلار ياڭ شۇخەن، جيا چۈنشيا، رېن خۇا، لياڭ لىخۇا، چېن چياڭۋېي، جېڭ جو)**